قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# گولباسا



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى


قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# كولباسا



ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: تەي ماۋشىن
تەرجىمە قىلغۇچى: ماھىنۇر غوپۇر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى




1. بىر چوڭ تاغ باغرىدا ياشانغان ئەر-خوتۇن ياشايدىكەن.



2. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى موماي ئۆيدە تاماق ئېتىپ، سەي قورۇپ بوۋاينى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، لېكىن بوۋاي قايتىپ كەلمەپتۇ.

3. تۇيۇقسىز، پۇزۇر كىيىنـ
گەن بىر ئېسىلزادە خېنىم ئۆيگە
كىرىپ كەپتۇ.



4 . موماي ئەزەلدىن بۇنداق ئېسىلزادە خېنىمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن، ئۇ ئال-دىراپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ.



5. ئېسىلزادە خېنىم: «قىزىمنىڭ
تويىنى قىلماقچى ئىدىم، ئۆيۈمگە نۇرغۇن
مېھمان كەلمەكچى، سىز هاراق ئېچىتىدـ
غان قازىنىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز قاىـ
داق؟» دەپتۇ.



6. موماي: «بېرىپ تۇرمامدىغان!» دەپ، قازاننى ئاچىقىپ بېرىپتۇ.



7. ئېسىلزادە خېنىم قازاننى قولىغا ئېلىپ،
مومايىنى چوقۇم رازى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.



8. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئېسىلزادە خېنىم قازاننى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەپتۇ. ئۇ: «سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن، مەن سىزنىڭ ئۈچ تەلىپىڭىزنى قاندۇرىمەن» دەپتۇ.





9. گېپىنى تۈگىتىپلا، ئېسىلزادە
خېنىم كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

10. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنىڭ بىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، موماي ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.



11. موماي: «يەر، ئالتۇن-تىللانىمۇ ئېلىشىم كېرەك، ئەمما ئەڭ ئاۋۋال ياخشى يېمەكلىكنى ئېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.



12. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «يوغان بىر كولباسا بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى!» دەپ تۇرۇشىغا، ئۈستەل ئۈستىدە يوغان بىر كولباسا پەيدا بوپتۇ.



13. بۇ ۋاقىتتا بوۋاي قايتىپ كەپتۇ، موماي مەغرۇرلانغان ھالدا بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.



14. بوۋاي ئاڭلاپلا ئاچچىقلاپ: «ھەي قاپاقۋاش، نېمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمىدىڭ؟ دۇنيادا ياخشى نەرسىلەر كۆپقۇ، بىر تاللا كولباسا سورىغىنىڭ نېمىسى!» دەپتۇ.



15. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقلاپ: «ھەي ئەخمەق، مۇشۇ كولباسا سېنىڭ بۇرنۇڭغا ئۆسۈپ قالغان بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى!» دەپتۇ.





16. موماي شۇ هامان ۋارقىراپ كېتىپتۇ، هېلىقى كولباسا راستىنلا ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆسۈپ قاپتۇ.




17. ئۇ كولباسانى ئېلىۋەتمەك-
چى بولۇپ تارتىپتۇ. لېكىن ھەر-
قانچە قىلسىمۇ تارتىپ ئېلىۋېتەل-
مەپتۇ. ئۇ ئاچچىقىدىن يىغلاپ
كېتىپتۇ.

18. بوۋايمۇ كېلىپ ياردەملىشىپ تارتىپ، بۇرنىنى ئۈزۈۋەتكىلى تاس قاپتۇ. لېكىن يەنىلا ئاجرىتالماپتۇ.



19. بوۋاي يەنە بىر تەلىپىنى ئېيتماقچى بوپتۇ، لېكىن نېمە دېيىش كېرەك؟



20. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ بۇرنىدىكى كولباسانى كۆرۈپ، ھەر-قانچە جىق مال-دۇنيا بولغان بىلەن نېمە پايدىسى دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.




21. بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن: «ئايالىمنىڭ بۇرنىدىكى كولباسا يوقاپ كەتسە ئەجەب ياخشى بولاتتى» دەپتۇ.



22. كولباسا دەرھال يوقاپ كېتىپتۇ.



23 . ئىككىيلەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناشىپ كېتىپتۇ.



مەسئۇل مۇھەررىرى : روشەنگۈل تۇرسۇن
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-817-3

总定价:12.00元 每册价:2.00元(维)